
# ئېرىك كارل رەسىملىك كىتابلىرى

# تەرجىمە توپلىمى

## 2 ـ قىسىم




تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى: ناۋال

تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار: ناۋال، ئايشە، مۇئەززەم، نۇر

# مۇندەرىجە

قورسقى ئېچىپ كەتكەن تۆكلۈك قۇرت.......................
باغچىغا بارايلى.................................
باشتىن تاپانغىچە.................................
شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى،شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سەن نېمىنى ئاڭلىدىڭ؟
ئەبجەش خاملىيون.................................
بۆگۈن دۈشەنبە.................................
دادا،ماڭا ئاينى ئۈزۈپ بېرىڭ.............................
ساقانقۇر ئەپەندى.................................
مۆشۈكئېيىق ،مۆشۈكئېيىق سەن نىمە كۆردۈڭ؟...................
كىچىك بۇلۇت.................................
ئېيىقچاق،ئېيىقچاق سەن نىمە كۆردۈڭ؟........................
ماڭا يۇلتۇز سىزىپ بېرىڭ..............................
كىنگورونىڭ ئاپىسى بارمۇ؟..........................
مىجەزى ئەسكى خانقىز..............................
كىچىك ئۇرۇق.................................
تاۋا تورتى،تاۋا تورتى!..............................

كۆك رەڭلىك ئات سىزغان رەسسام..........................

سىرلىق تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى.........................

مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردۈڭلارمۇ؟.........................

بەكمۇ ئالدىراش ئۆمۈچۈك..............................

جىمجىت چېكەتكە...................................

خورازنىڭ دۇنيانى ساياھەت قىلىشى ......................

ئاستا،ئاستا،ئاستا،دەپتۇ ھورۇن لېنىۋېتىس..................

بەكمۇ غېرىبانە پارقىراق قوڭغۇز.........................


دۆت تاشپاقا.........................................

ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا................................

ئون تال كىچىك كاۋچۇك ئۆردەك........................

قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا.............................

تېچلىقمۇ قىزىل تۈلكە..............................





# The Tiny Seed

## كىچىك ئۇرۇق

ئاپتورى:ئىرك كارل


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




كۈز كەپتۇ،شۇئرغان چىقىشقا باشلاپتۇ.


كۈچلۈك شامال گۈل ئۇرۇقلىرىنى ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇرۇپ،ئۇلارنى يىراق-يىراق جايلارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بىرتال ئۇرۇق باشقا بارلىق ئۇرۇقلاردىن كىچىك،تولىمۇ كىچىك ئىكەن.ئۇ باشقا ئۇرۇقلارغا يېتىشەلەرمۇ؟ئۇلار ئۇچۇپ نەگە بارار ھە؟





بىرتال ئۇرۇق ئۇچۇپتۇ،ئۇچۇپتۇ،تولىمۇ ئېگىز،ئېگىزگە ئۇچۇپتۇ...بەكمۇ ئېگىزگە ئۇچۇپ،ئاخىر كۈن نۇرى ئۇنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپتۇ.

بىراق ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق ھەمراھلىرىغا ئەگىشىپ ئۇچۇۋېرىپتۇ.





بىرتال ئۇرۇق ئۇچۇپ ئېگىز قارلىق چوققىغا چۈشۈپتۇ. بىراق قار ئېرىمىگەچكە ئۇ بىخ سۈرەلمەي قاپتۇ.

باشقا ئۇرۇقلار داۋاملىق ئۇچۇپتۇ، بىراق بايىقى كىچىك ئۇرۇق ھەمراھلىرىدەك تېزلىك بىلەن ئۇچالماي قاپتۇ.





ئۇلار دېڭىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. بىرتال ئۇرۇق دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە دېڭىزغا غەرق بولۇپ تۈگەپتۇ.

باشقا ئۇرۇقلار يەنىلا شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپتۇ، بىراق، ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق ھەمراھلىرىدەك ئېگىز ئۇچالماپتۇ.




بىر تال ئۇرۇق قۇملۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ. قۇملۇق ھەم بەك ئىسسىق ھەم بەك قۇرغاق بولغاچقا، ئۇ ئۇرۇق بىخ سۈرەلمەپتۇ.


ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق ھەم پەس ھەم ئاستا ئۇچۇپتۇ. بىراق تەلىيىگە شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئۇچۇشنى داۋام قىپتۇ.




كۆچلۈك شامال ئاخىرى توختاپتۇ. بارلىق ئۇرۇقلار ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ.

بىرتال چوڭ قۇش بۇيەردىن ئۆتۈپ بىر ئۇرۇقنى يەۋېتىپتۇ.


ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق بەكلا كىچىك بولغاچقا قۇش ئۇنى پەقەتلا كۆرمەي قاپتۇ.




هازىر،قىش.

ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن ئۇرۇقلار ئەمدى ئارام تېپىپتۇ.ئۇلار يەرئاستىدا خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك جىمجىت يېتىشىپتۇ.

ئاپئاق قار چۈشۈپ،ئۇرۇقلار ئۈستىگە خۇددى يۇمشاققىنە يوتقان يېپىپ قويغاندەك بوپتۇ.بىر قورسىقى ئېچىپ كەتكەن چاشقان بىرتال ئۇرۇقنى چۈشلۈك تاماق قىلىپ يەۋېتىپتۇ.بىراق ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق يەرئاستىدا خاتىرجەم يېتىۋېرىپتۇ،چاشقان ئۇنى بايقىيالماپتۇ.





هازىر، باھار .

بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ،قارلار ئېرىپ راستىنلا باھار كەپتۇ!

قۇشلار ئۇچۇشۇپتۇ ،قۇياش چاقناپتۇ ،سىم ـ سىم يامغۇر ئاستاغىنا يېغىپتۇ. بارلىق ئۇرۇقلار يېرىلىپ، بىخ سۈرۈپتۇ. ھازىر ئۇلار كىچىككىنە ئۇرۇقچە ئەمەس، بەلكى مايسا ئىكەن.

ئۇلار ئاۋال تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ،يۇمران شاخ ۋە يوپۇرماقلارنى چىقىرىپتۇ. بىرتال بەكمۇ تېز ئۆسكەن ياۋا ئوت ھەم كەڭ ھەم چوڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن بىرتال مايسىنى بېسىۋېلىپ قۇياش نۇرى ۋە يامغۇرنى ئىگەللىۋاللغاچقا، بۇ مايسا ئۆلۈپ قاپتۇ. ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق تېخىچىلا بىخ سۈرمەپتۇ!ئەمدى تېزرەك بولمىساڭ كېچىكسەن!غەيرەت قىل!كىچىك ئۇرۇقچە ئاخىر بىخ سۈرۈپ،مايسىغا ئايلىنىپتۇ!




هاۋا شۇنداق ئىللىق،باللارنىڭ ھەممىسى ئوينىغلى چىقىپتۇ.ئۇلارمۇ باھار نۇرىنى ساقلىغلى نىزامان بولغان ھە!


بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ،يەردىكى مايسىلارغا دىققەت قىلماپتۇ،ئاھ،چاتاق بولدى!ئۇ بىر تال مايسىنى دەسسىۋەتتى! بۇ مايسا ئەمدى ئۆسەلمەيتتى!





كىچىك ئۇرۇق چىقارغان مايسىلا ناھايىتى تېز ئۆسۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭ يېنىدىكىسى تېخىمۇ تېز ئۆسۈپتۇ. ھېلىقى كىچىك ئۇرۇق ئاران ئۈچ تال يوپۇرماق چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى بولسا ئاللىقاچان يەتتە تال يوپۇرماق چىقىرىپتۇ. ئۇ يەنە ئاۋال غۇنچىلاپتۇ، ئېچىلىپتۇ.

ئاندىنچۇ؟

بىر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ، كەينىدىنلا بىر قارا سايە ئۇلارغا چۈشۈپتۇ، بىر قول سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇ گۈلنى ئۈزۈۋاپتۇ.




بىر يىگىت ئۇنى ئۈزۈپ قىز دوستىغا سوۋغا قىپتۇ.



ياز كەپتۇ.كىچىك ئۇرۇق چىقارغان ئۆسۈملۈك يالغۇزغىنە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.ئۇ تىنماستىن ئۆسۈپتۇ،ئۆسۈپتۇ، بىردەممۇ توختىماستىن ئۆسۈپتۇ.قۇياش نۇر-هارارەت بېرىپتۇ،يامغۇر سۇغىرىپتۇ.ئۇ نۇرغۇن يوپۇرماق چىقىرىپتۇ،ناهايىتى ئېگىز ئۆسۈپتۇ،ئۇ دەرەختىنمۇ ئېگىز،ئۆيدىنمۇ ئېگىز ئۆسۈپتۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا،ئۇ گۈل ئېچىپتۇ.يىراق-يېقىندىكى هەممە كىشى بۇ گۈلنى كۆرگىلى كەپتۇ،هېچكىممۇ ئەزەلدىن بۇنداق ئېگىز ئۆسكەن گۈلنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن،ئۇ راستىنلا غايەت ئېگىز بىر گۈل ئىكەن.





يازبويى،قۇشلار،هەسەل هەرىلىرى ۋە كېپىنەكلەر ئۇنى تىنماستىن زىيارەت قىپتۇ.ئۇلار ئەزەلدىن بۇنچىلىك چوڭ ۋە بۇنچىلىك چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن.



يەنە كۈز كەپ قاپتۇ.


كۈندۈز قىسقىراپ،كېچىلەر سوۋۇپتۇ.

شامال سېرىق ۋە قىزىل خازانلارنى غايەت چوڭ گۈلنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇرۇپ تاشلاپتۇ.بىرنەچچە تال گۈل بەرگى غايەت زور گۈلدىن تۆكۈلۈپ رەڭگارەڭ خازانلار بىلەن بىللە ئۇسۇل ئوينىغاچ يەرگە چۈشۈپتۇ.




شامال بارغانسېرى قاتتىق چىقىپتۇ.

غايەت زور گۈلنىڭ گۈلبەرگىلىرى تامامەن تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ.شامال ئۇنى تەۋرىتىپ،پۇلاڭلىتىپتۇ،بارغانسېرى قاتتىق چىقىپتۇ،تىنماستىن غايەت زور گۈلنى ئۇرۇپتۇ.نەتىجىدە غايەت زور گۈلنىڭ گۈل ئۇرۇقچە قاسرىقى  ئېچىلىپ،ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇرۇقلار چىقىپتۇ،كۈز شاملى ئۇرۇقچىلارنى يىراق-يىراق يەرلەرگە ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ....





Pancakes， Pancakes!

تاۋا تورتى،تاۋا تورتى!

ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






قوق ،قوق ،قوق. . .ق! . . .خوراز چىللاپتۇ!جەك ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا

قارىغىنچە ئويلاپتۇ:مېنىڭ ناشتىلىققا يوغان تاۋا تورتى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ!




جەكنىڭ ٴاپىسى ٴاللىقاشان ٴورنىنان تۇرىپ ٴالدىراش ـ تىنەش يۇرگەن ەكەن.

ـ ٴاپا، ـ دەپتى جەك، ـ مەنىڭ ناشتىدا يوغان قازان تورتى جەگىم بار.

ـ كورىپ تۇرسىڭ، مەن بەكمە ٴالدىراش، ناۋادا سەنىڭ يوغان تاۋا تورتى جەگىڭ

بولسا كەلىپ ماعان جاردەمدەسكىن ـ دەپتى ٴاپىسى.

ـ مەن نەمە قىلىسىپ بەرەيىن؟ ـ دەپتى جەك.

ـ بىزگە ٴۇن لازىم ـ دەپتى ٴاپىسى جاۋاپ بەرىپ.



ئورغاقنى ئېلىپ بىرئاز ئېشەككە ئارتقۇدەك مىقداردا بۇغداي ئورىغىن.ئاندىن ئۇلارنى تۈگمەنگە ئېلىپ بارغىن،تۈگمەنچى ئۇلارنى ياغۇنچاقتا ئېزىپ ئۇن قىلىپ بېرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ جەك يېتەرلىك بۇغداي ئورىغاندىن كېيىن،ئۇلارنى ئېشەككە ئارتىپ تۈگمەنچىنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ.




ـ ماڭا بۇغدايلارنى ئېزىپ ئۇن قىلىپ بېرەلەمسىز؟ ـ دەپتۇ جەك ـ بىز ئۈلاردىن يوغان تاۋا تورتى قىلماقچىتۇق.

ـ بىز ئاۋال بۇغداينى بۇغداي شاكىلىدىن ئايرىشىمىز كېرەك. دەپتۇ تۈگمەنچى.

تۈگمەنچى جەككە بىر دان سوققۇچنى(سۈرەتتىكىدەك دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان قورال) بېرىپتۇ ۋە بۇغدايلارنى يەرگە يېيىتىپتۇ.

تۈگمەنچى يەنە بىر دان سوققۇچنى ئېلىپ يەردىكى بۇغدايلارنى سوققىلى تۇرۇپتۇ. جەكمۇ دان ئايرىشقا ياردەملىشىپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن يەردە بىر دۆۋە بۇغداي غولى بىلەن بۇغداي شاكىلى ئايرىلىپ چىقىپتۇ، يەنە بىر يەردە بىر دۆۋە بۇغداي دانچىلىرى ئايرىلىپتۇ.



تۈگمەنچى بۇ بۇغداي دانلىرىنى بىر ياغۇنچاققا سىلىپتۇ.ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تۈگمەن
تېشى بولۇپ،ئۇ ياندىكى سۇ چاقپىلىكىگە ئۇلانغان ئىكەن.

سۇ چاقپەلىكى ئايلىنىپتۇ،ئايلىنىپتۇ،ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ياغۇنچاقتىكى بۇغداي
دانلىرىنى ئېزىپ بۇغداي ئۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا تۈگمەنچى بىرخالتا ئۇننى جەككە بېرىپتۇ.



ـ ئۇن كەلدى! ـ دەپتۇ جەك توۋلاپ، ـ بىزتاۋا تورتى پۇشۇرايلى!

بىراق ئاپىسى ئۇنىڭغا: ـ بىز يەنە بىرتال تۇخۇمغا ئېھتىياجلىق.

شۇنىڭ بىلەن جەك باياتىن خامان تەپكەندە يانچۇقىغا چۈشۈپ قالغان بۇغداي

دانلىرىنى قارا مېكىيانغا بېرىپتۇ.

قۇق، قۇق، قۇق! ـ ـ ـ قارا مېكىيان قوقۇقلىغىنىچە كاتىكىگە مېڭىپتۇ.

ئاندىن ئۇ تىنىماي قوقۇلداپتۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بىر تۇخۇم تۇغۇپتۇ.



ـ مانا تۇخۇم! ـ دەپتۇ جەك توۋلاپ ـ بىز ئەمدى تاۋا تورتى پۇشۇرايلى!

بىراق ئاپىسى يەنە شۇنداق دەپتۇ ـ تېخى ماتىرىياللار توشمىدى، بىز يەنە بىرئاز سۈتكە ئېھتىياجلىق.

جەك سىيىرنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈت سېغىپتۇ.

مۆ!مۆ!...جەك چېلەككە سۈت سېغىۋاتقاندا، سىيىر مۆرەپ كېتىپتۇ.



مانا سۈت! ـ دەپتۇ جەك توۋلاپ، ـ ئەمدى بىزتاۋا تورتى پۇشۇرايلى!

بىراق ئاپىسى ئۇنىڭغا: ـ بىزگە يەنە ئازراق سېرىق ماي كېرەك، ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەك ئارلاشتۇرغۇچ ئۇسكىننى تېزلىك بىلەن ئايلاندۇرۇپتۇ،ئاپىسى ئۇنىڭ ئىچىگە سۈتنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قايماقنى سېلىپتۇ،جەك تىنماي ئارلاشتۇرۇپتۇ.ئاخىرى قايماق سېرىق مايغا ئايلىنىپتۇ.

ـ سېرىقمايمۇ تەييار بولدى! ـ دەپتۇ جەك، ـ بىز ئەمدى تورت پۇشۇرايلى!

ئەمما ئۇنىڭ ئاپىسى يەنە شۇنداق دەپتۇ:بىزگە بىرئاز قۇرۇق ئوتون ـ چاۋا لازىم.

شۇنىڭ بىلەن جەك بىرئاز قۇرۇق ئوتۇق ـ تۇترۇقلارنى ئەپ كەپتۇ.




ـ ئوتۇنمۇ تەييار بولدى!بىز ئەمدى تاۋا تورتى پۇشۇرايلى! ـ دەپتۇ جەك.

بىراق ئاپىسى يەنە ئۇنىڭغا سىنىك تورتقا ئۈنى تېخمۇ مەززىلىك قىلىدىغان بىرەر

نەرسە قوشقۇك بارمۇ ـ يوقمۇ؟ ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن جەك گەمىدىكى تەكچىگە قويۇلغان بىرقۇتا بۆلجۈرگەن مۇراببىاسىنى

ئېلىپ چىقىپتۇ.



ـ مانا بۆلجۈرگەن مۇراببارسى! ـ دەپتۇ جەك، ـ بىز ئەمدى تاۋا تورتى پۇشۇرايلى!
ئاشخانىدا جەك ۋە ئاپىسى سۈت، ئۇن، تۇخۇم، سېرىقمايلارنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپتۇ.
يەنە بىر ئارلاشتۇرغۇچ قاچا، بىر ئىستاكان، بىر ياغاچ ساپلىق، بىر تاۋا، بىر ئۇزۇن
قوشۇق، بىر تەخسە، بىر قوتا بۆلجۈرگەن مۇراببا ۋە قازان ـ قومۇچلار باركەن.




ئاندىن ئۇنىڭ ئاپىسى دەپتۇ:بىر چۆمۈچ ئۇننى ئارلاشتۇرغۇچ قاچىغا قۇيغىن...

ئاندىن بىر تال تۇخۇمنى ئۇنغا چاقىن...

بىر ئىستاكان سۈتنى ئۇن ۋە تۇخۇمدىن كېيىن مەلھەم ھالىتىگە كەلگۈچە قۇيۇپ ئارلاشتۇرغىن.

جەكنىڭ ئاپىسى تاۋىنى ئوتقا قويۇپ قىزىتىپتۇ ۋە بىر پارچە سارماينى ئىچىگە سىلىپتۇ،سېرىقماي تېزلا ئېرىپتۇ.

ئاندىن ئاپىسى جەككە:ئەمدى ئۇزۇن ساپلىق چۆمۈچتە بىر چۆمۈچ ئارىلاشمىنى تاۋىغا قۇيغىن. ـ دەپتۇ.




تەخمىنەن ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن ئاپىسى تاۋا تورتىنىڭ ئاستىغا قاراپ ئاللىقاچان ئالتۇنرەڭگە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

ـ قارا ـ دەپتۇ ئاپىسى ـ مەن ئۇنى ئۆرۈيمەن، تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ؟

ـ پۈتتى! ـ دەپتۇ جەك.


فىش! ـ دەپتۇ ئاپىسى. تاۋا تورتى بوشلۇقتا بىرقانچە چۆرگىلەپ چۈشۈپتۇ. يەنە ئىككى مىنۇت ئۆتۈپ ئۆرۈلگەن تەرىپىمۇ ئالتۇنرەڭگە كىرىپتۇ.




ئاندىن ئاپىسى تاۋا تورنى تاۋاقتا ئېلىپ ،ئۈستىگە بىرئاز بۆلجۈرگەن مۇراببىاسى ساپتۇ.

ئەمسە هازىر....ئاپىسى يەنە سۆزلەشكە باشلاپتۇ...

بىراق جەك شۇنداق دەپتۇ....




ۋاي ،ئاپا ،مەن هازىر نىمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلىمەن!....




THE ARTIST WHO PAINTED A BLUE HORSE

كۆك رەڭلىك ئات سىزغان رەسسام

ئاپتورى:ئېرىك كارل


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

# THE ARTIST WHO PAINTED A BLUE HORSE


*by Eric Carle*

PUFFIN


HIPPO





مەن بىر رەسسام.





مەن بىر...




كۆكرەڭلىك ئات سىزدىم.





یەنە...





بر قزبل تمساه سزدم.





یەنە...




سېرىقرەڭ كالا سىزدىم...





یەنە...




بىر ھالرەڭ توشقان سىزدىم...





یەنە...





بىر يېشىلرەڭلىك شىر سىزدىم.




یەنە





ئاپلىسىنرەڭلىك پىل سىزدىم.



and...





بىر سۆسۈنرەڭلىك تۈلكە سىزدىم.





یەنە





قارا رەڭلىك شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى سىزدىم.







بىر رەڭدار يۇمىلاق چېكىتلىك ئېشەك سىزدىم.



يەنە








مەن بىر قالتىس رەسسام.



Franz Marc, *Blue Horse I*, 1911. Städtische Galerie im Lenbachhaus, Munich, Germany. Courtesy of SuperStock.



'I am an artist and I paint…
a blue horse, a red crocodile, a polka-dotted donkey…'
Here is a celebration of creativity and colour
that will inspire young artists everywhere.
U.K. £7.99
ISBN 978-0-141-34813-1




The Secret Birthday Message


سىرلىق تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى

ئاپتورى:ئېرىك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

On the night before Tim's birthday he found a strange envelope under his pillow. He sat up straight in his bed and opened the letter. Inside was a Secret Message!

And this is what it said:



تىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدىن بىركۈنى ئاۋالقى كەچتە،ئۇ ياستۇقى ئاستىدىن بىر سىرلىق كونۋېرنى بايقاپ قالدى.ئۇ دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كارۋاتتا ئولتۇرغىنىچە كونۋېرتنى ئاچتى.ئىچىدە بىر سىرلىق خەت بار ئىدى!ئۇستىگە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغانىدى:

WHEN THE COMES UP

LOOK FOR THE BIGGEST .

BELOW IT YOU'LL SEE A .

BEHIND THAT IS THE . GO IN.

LOOK UP TO FIND A . CRAWL THROUGH.

GO DOWN

WALK STRAIGHT AHEAD TO A . OPEN IT.

YOU WILL SEE A CLIMB UP AND THROUGH.

THAT'S WHERE YOU'LL FIND YOUR BIRTHDAY GIFT!

HAPPY BIRTHDAY!

ئاي كۆتۈرۈلگەن چاغدا ،ئەڭ چوڭ يۇلتۇزنى تاپقىن.

ئۇنىڭ ئاستىدا بىر تاشنى كۆرىسەن.

تاشنىڭ كەينىدە بىر ئۆڭكۈرنىڭ كىرىش ئېغىزى بار.ئىچىگە كىرگىن.

ئالدىڭدا بىر يۇملاق شەكىللىك ئېغىزنى كۆرىسەن.ئۇنىڭدىن ئۆتكىن.

پەلەمپەيدىن چۈشكىن.

ئۇدۇل ماڭساڭ بىر ئىشىك بار.ئۇنى ئاچ.

بىر چىقىش ئېغىزىنى كۆرىسەن.ئۇنىڭغا يامىشىپ چىق.

ئۇ دەل سىنىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىڭ بار جاي!

تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!




**ئاي چىققاندا**





ئەڭ چوڭ يۇلتۇزنى تاپ





ئۆنىڭ ئاستىدا بىر تاشنى كۆرسەن





تاشنىڭ كەينىدە بىر ئۆڭكۈر بار.ئىچىگە كىر.




بىر يۇملاق كىرىش ئېغىزىنى كۆرسەن ۋە ئۇنڭدىن ئۆت.



پەلەمپەیدن چۆش




ئۇدۇل ماڭساڭ بىر ئىشىك بار.ئۇنى ئاچ.

YOU WILL SEE A [redacted] CLIMB UP AND THROUGH

THAT'S WHERE YOU'LL FIND YOUR BIRTHDAY GIFT!



بىر بوشلۇقنى كۆرسەن.ئۇنىڭغا يامىشىپ چىق.

بۇ دەل سىنىڭ تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىڭ بار جاي!





تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!

Can you find your way back?



你还能找到回去的路吗？

قايتش يولنى تاپالامسەن؟




HAVE YOU SEEN MY CAT?


مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

ئاپتورى ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال





مېنىڭ مۈشۈكىمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟




بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.




مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟





بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.



مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟




بۇ مېنىڭ مۈشۈكۈم ئەمەس.





مېنىڭ مۈشۈكۈم نەدىدۇ؟




مېنىڭ مۈشۈكۈمنى كۆردۈڭلارمۇ؟






مېنىڭ مۈشۈكۈم بۈيەردىكەن!




Eric Carle
The Very Busy Spider

# THE VERY BUSY SPIDER

## بەكمۇ ئالدىراش ئۆمۈچۈك

ئاپتورى:ئېرك كارل


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال





بىركۈنى ئەتتىگەندە،شامال بىرتال ئۆمۈچۈكنى ئېتىزلىقتىن ئۇچۇرۇپ كەپتۇ.

بىرتال ئىنچىكە يىپچە ئۇنىڭ بەدىنىدىن سۆرۈلۈپ چىقىپتۇ.

ئۆمۈچۈك دېھقاننىڭ هويلىسىنىڭ قاشاسىغا تور تارتىپتۇ.




ئۇ يىپەكتەك ئىنچىكە تورى بىلەن تور توقۇشقا باشلاپتۇ.




ئى..ئى...!دەپتۇ ئات ـ ئۈستۈمگە مىنگۈڭ بارمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.




مۆ!مۆ!...دەپتۇ سىير ـ بىللە ئوت ـ چۆپ يەيلىمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.





مە!مە! ـ دەپتۇ قوي ـ يايلاقتا يۈگۈرۈشەيلىمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.





مە!مە!...دەپتۇ ئۆچكە ـ تاشلاردىن سەكرەپ ئوينىغۇڭ بارمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.





خورت!خورت!..دەپ خورقىراپتۇ چوشقا.ـكۆلچەكتە بىللە ئېغىنغۇڭ بارمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.





ھاۋ!ھاۋ!...دەپتۇ ئىت.مۈشۈك قوغلاپ ئوينىغۇڭ بارمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.




مياۋ!مياۋ!...دەپتۇ مۈشۈك.بىردەم مۈگدەپ ياتقۇڭ بارمۇ؟





ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.





غاق!غاق!...دەپتۇ ئۆردەك.بىللە سۇ ئۈزگۈڭ بارمۇ؟




ئۆمۈچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئىنتايىن ئالدىراشلىق بىلەن تور توقۇۋاتقان ئىكەن.




قوق!قوق!قوق..ق...دەپ چىللاپتۇ خوراز ـ زىيانداش ھاشارات ـ چىۋىنلەرنى تۇتقۇڭ بارمۇ؟





ئۆمۆچۈك توقغان توردا چىۋىن تۇتۇپتۇ. . .مانا مۇشۇنداق!




ۋۇۋۇ!ۋۇۋۇ! ۋۇۋۇ. . . ـ دەپ سوراپتۇ مۈشۈكياپىلاق ـ بۇنداق چىرايلىق تورنى كىم توقدى؟ئۆمۆچۈك جاۋاپ بەرمەپتۇ.ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەنكەن.

بۇ بىر تولىمۇ،تولىمۇ ئالدىراش بىركۈن بولغانىدى.





The very quiet cricket


جىمجىت چېكەتكە

ئاپتورى:ئىرك كارل


تەرجىمە قىلغۇچى:مۇئەززىم




بىر ئىللىق ھاۋالىق كۈندە،بىر كىچىك قارا چېكەتكە غوزىكىنى يېرىپ چىقتى.





كەلگىنىڭگە مۇبارەك بولسۇن!بىر چوڭ قارا چىكەتكە قاناتلىرىنى سۈركەپ تۇرۇپ دېدى. كىچىك قارا چىكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەندى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .





ئەتىگەنلىكىڭ خەيىرلىك بولسۇن! بىر سېرىق چىكەتكە بوشلۇقتا ئايلانغاچ ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. .كىچىك قارا چىكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەندى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى.









ياخشىمۇسەن! ھە دەپ دۇئا تىلاۋەت قىلىۋاتقان ياچۇەك تۆۋەن ئاۋازدا ھال سورىدى. ئۇنىڭ ئورغاققا ئوخشايدىغان ئالدى پۇتلىرى جۇپلىشىپ بىرگە تۇراتتى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەنىدى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى.





نېمدىگەن ياخشى هاۋا هە! بىر تۆكلۈك قۇرت قاراس ـ قۇرۇس قىلىپ ئالما چىشلەپ يەۋاتاتتى، ئۇ هازىر پۈتۈن كۈچى بىلەن چىشلەپ بىر يول هاسىل قىلماقتا ئىدى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەندى، ئەمما هېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى، هېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .









تېچلىقمۇ!بىر كۆپۈكلۈك تومۇزدا كۆپۈك پۈۋلەپ چىقارغاچ دېدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر پارچە كۆپۈكچە بار ئىدى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەندى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى.




چۈشتىن كىيىنلىكلىك خەيىرلىك بولسۇن! دەرەخ شېخىغا چىڭ چاپلىشىۋالغان تومۇزغا يۇقىرى ئاۋازدا سالام بەردى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەندى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .

.






*How are you!* hummed a bumblebee,
flying from flower to flower.
The little cricket wanted to answer,
so he rubbed his wings together.
But nothing happened. Not a sound.

ياخشىمۇسەن!بىر چوڭ سېرىق ھەرە غىڭىلداپ،گۈللۈك ئىچىدە ئۇچۇپ
يۈرەتتى. كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى
سۈركىگەنىدى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى.









خەيرلىك ئاخشام!بىر يىڭناغۇچ غۇر ـ غۇر قىلىپ سۇ يۈزىدە ئۇچۇۋاتاتتى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەنىدى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .

*Good night!* buzzed the mosquitoes,
dancing among the stars.
The little cricket wanted to answer,
so he rubbed his wings together.
But nothing happened. Not a sound.



خەيرلىك كەچ! بىر توپ پاشىلار ۋىڭىلداپ، يۇلتۇزلۇق ئاسماندا ئۇسۇل ئويناماقتا ئىدى. .كىچىك قارا چېكەتكە ئىنكاس قايتۇرماق بولۇپ قاناتلىرىنى سۈركىگەنىدى،ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈزبەرمىدى،ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى .







بىر پىلە كېپىكنى ئاستا ئاستا كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ ئۆتتى. كىچىك قارا چېكەتكە بۇ جىمجىتلىقتىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى .









As the luna moth disappeared
silently into the distance,
the cricket saw another cricket.
She, too, was a very quiet cricket.

Then he rubbed his wings together
one more time.
And this time…

پىلە كىپىكى ئاستا ئاستا يىراقلاپ غايىپ بولۇشقا باشلىغاندا ،كىچىك قارا چىكەتكە يەنە بىر قارا چىكەتكىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇمۇ شۇنچە تىنىچ ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە بىر قېتىم قاناتلىرىنى سۈركىگەنىدى،بۇ قېتىم...




ئۇ يەنە بىر چېكەتكە ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ئەڭ يېقىملىق بىر ئاۋازنى چىقاردى....




**Rooster's Off to See the World**

خورازنىڭ دۇنيانى ساياھەت قىلىشى

ئاپتورى:ئېرىك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:نۇر



بىر كۈنى سەھەردە خوراز سايائەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سايائەتنى باشلاپتۇ. ئۇ ئۇزاق ماڭماستىنلا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىپتۇ .





شۇ ئەسنادا ئۇ ئىككى مۈشۈك بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. خوراز مۈشۈكلەرگە: مەن بىلەن دۇنيانى ساياھەت قىلىڭلار »دەپتۇ. بۇ سەياھەت قىلىش پىكرى مۈشۈكلەرگە بەكمۇ يېقىپتۇ «بىزمۇ خالايمىز »دەپ مياڭلاپتۇ مۈشۈكلەر ئاندىن خوراز بىلەن ساياھەتنى باشلىۋېتىپتۇ .





خوراز ۋە ئىككى مۈشۈك ساياھەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۈچ دانە پاقىغا ئۇچراپ قاپتۇ.

«بىز بىلەن دۇنيانى ساياھەت قىلىشنى خالامسىلەر »دەپ سوراپتۇ خوراز ھەمكارلىقنى ئۈمۈد قىلغان ھالدا.

«نىمىشقا بولمىغۇدەك »دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاقىلار. «بىز ھازىر ئالدىراش ئەمەس »دەپلا سەكرىگىنىچە خوراز ۋە ئىككى مۈشۈككە ئەگىشىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.





بىر ئازدىن كېيىن خوراز،ئىككى مۈشۈك ۋە ئۈچ پاقىلار تۆت تاشپاقىنىڭ يولدا ئاستا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ- دە،خوراز ئۇلاردىن «ھەي، بىز بىلەن دۇنيانى ساياھەت قىلىشنى خالامسىلەر؟ »دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تاشپاقا «ئۇ چوقۇم قىزىقارلىق بولىدۇ »دەپتۇ- دە،ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولۇپ كېتىپتۇ.





خوراز، ئىككى مۈشۈك، ئۈچ پاقا، تۆت تاشپاقا يولنى بويلاپ كېتىۋېتىپ بەشتال بېلىق ئۈزۈۋاتقان كىچىك ئېرىقنى كۆرۈپتۇ. «قەيەرگە مېڭىۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ بېلىق. «دۇنيانى ساياھەت قىلغىلى ماڭدۇق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوراز. بىز سىلەر بىلەن بىرگە بارساق بولامدۇ؟ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ بېلىق. «قىزغىن قارشى ئالىمىز» دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ خوراز. ئاندىن ئۇلار بىرلىكتە دۇنيانى سەياھەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.




قۇياش پېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئاي كۆتۈرۈلۈپتۇ.«بىزنىڭ كەچلىك تامىقىمىز قەيەردە؟ »دەپ سوراپتۇ مۈشۈكلەر. «بىز قەيەردە ئۇخلايمىز؟ »دەپ سوراپتۇ پاقىلار. «بىز ناھايىتى توڭلاپ كەتتۇق »دەپ ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ تاشپاقىلار.





شۇ ۋاقىتتا يالتىراق قۇڭغۇزلار ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. «بىز ناھايىتى قورقۇپ كەتتۇق »دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ بېلىقلار. ھازىر خورازنىڭ دۇنيانى ساياھەت قىلىشقا قارىتا ھېچقانداق پىلانى يوقكەن. ئۇنىڭ تاماق،تۇرالغۇ ئېسىدىمۇ يوقكەن.شۇڭلاشقا ئۇ دوستلىرىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ.بېلىقلارنىڭ ئۆيگە قايتقۇسى كەپتۇ،شۇڭا ئۇلار ئۈزۈپ كېتىپ قاپتۇ.





تاشپاقىلار ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆيىنى ئويلاشقا باشلىدى، باشقىلارغا خوشمۇ دەپ

قويماستىن ئۆمىلەپ كىتىپ قالدى.




**ئۆچتال پاقىنىڭمۇ ئۆيىگە كەتكۈسى كەپتۇ. ئۇلار باشقىلارغا «خەيرلىك كەچ!**

**» دەپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىردىن ئىككىدىن سەكرەپ تاقلاپ كىتىپ قاپتۇ.**




مۈشۈكلەرمۇ ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. «ساياھىتىڭ كۆڭۈللۈك بولسۇن!

دەپتۇ ئۇلار.

ئەمدى خوراز يالغۇزلا قاپتۇ. ئۇ دۇنيانى كۆرەلمەپتۇ.

خوراز ئايغا قاراپ: «مەن ئۆيۈمنى سىغىندىم »دەپتۇ. ئاي جاۋابمۇ بەرمەپتۇ. ئاندىن

كىيىن ئۇمۇ كېتىپ قاپتۇ.




بۇ خورازمۇ بۇرۇلۇپ ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئاندىن دانلىرىنى يەپتۇ.ئاندىن خوشال هالدا قوندىقىغا چىقىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

The rooster had


a wonderful dream—

about a trip

around the world!



خوراز ئۇخلاپ چۈشىدە دۇنيانى ساياھەت قىلىپ ئىنتايىن گۈزەل بىر چۈش كۆرۈپتۇ...




**slowly ,slowly, slowly, said the sloth**

**ئاستا، ئاستا، دەپتۇ هورۇن لېنۋېتس**

ئاپتورى:ئرك كارل


تەرجمە قلغۇچى:ناۋال

تەرجىماندىن ئىزاھات:سلوس:ئەسلى لاتىنچە ئىسمى ـ فولىۋرا ـ ئۇيغۇرچە لىنىۋېتىس دەپ ئاتىلىدۇ،بىرخىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋانات.ھورۇن،يالقاۋ،ئېزىلەڭگۈ دېگەن مەنىدە.ئىككى پۇتى بولسىمۇ زادىلا ماڭمايدۇ.دائىم ھەركەت قىلماستىن دەرەخ شېخىغا ئېسىلىپلا يۈرىدۇ.ھەركىتى شۇنداق ئاستا.




《疯狂动物城 **Zootopia** دېگەن فىلىمدىكى مۇشۇ ھايۋانات شۇ.شۇ فىلىمدىمۇ ئىنتايىن ئەزمە،سۆس بىر ھايۋانات ئوبرازىغا چىقىدۇ.








ئاستا ،ئاستا ،ئاستا ....بىر ھورۇن لېنۋېتىس بىر دەرەخ شېخىغا يامىشىپتۇ.




ئاستا ،ئاستا ،ئاستا    بۇ هورۇن لېنۋېتس بىر تال يوپۇرماقنى يەپتۇ .





ئاستا،ئاستا،ئاستا    بۇ هورۇن لېنىۋېتىس ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.




**ئاستا، ئاستا، ئاستا**


**بۇ ھورۇن لېنىۋېتىس ئويغىنىپتۇ.**





بۇ ھورۇن لېنۋېتس كۈن بويى دەرەخكە ئېسلىپ تۇرۇپتۇ.




پۈتۈن كېچچە بۇ ھورۇن لېنۋېتىس دەرەخكە ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ.





هەتتا يامغۇر ياغسمۇ بۇ هورۇن لېنۋتېس بۇرۇنقدەكلا دەرەختىن چۇشمەي ئېسلىپ تۇرۇپتۇ.




ـ سەن نېمىشقا بۇنداق ئەزمە؟


دەپ سوراپتۇ بىركۈنى بىر مايمۇن بۇ لېنىۋېتىستىن.

بىراق بۇ لېنىۋېتىس جاۋاپ بەرمەپتۇ.





ـ سەن نېمىشقا بۇنداق جىمجىت؟ ـ دەپ سوراپتۇ تىمساھ ئۇنىڭدىن.

بىراق بۇ لېنىۋېتىس يەنىلا جاۋاپ بەرمەپتۇ.





ـ سەن نېمانداق ئادەمنى بىزار قىلىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ چۈمۈلىخور.

بىراق بۇ لېنىۋېتىس جاۋاپ بەرمەپتۇ.




ـ ماڭا دېگىنە ـ دەپتۇ بىر ئامرىكا يىلپىزى ـ سەن نېمىشقا بۇنچىۋالا ھورۇن؟

بۇ لېنىۋېتىس ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ . . . ناھايىتىمۇ ئۇزاق ئويلىنىپ كېتىپتۇ . . . .




ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ لېنىۋېتىس جاۋاپ بېرىپتۇ:

مېنىڭ بىر ئەزمە، يۇۋاش ۋە كىشىنى بىزار قىلىدىغىنىم راس.

مەن كۈن بويى جانسىز، بىكارچى، سۆرەلمىلىكىم راس.

مەن

تەمكىن ـ سالماق، كۆچسىز، سەۋىرچان، ھېسياتسىز، سۇس، مۈگدەكچى، مۇلايىم، ئېغىر

بېسىق، پىشىپ ـ يېتىلگەن، ھورۇن ـ پاسسىپ!


مەن بىر غەمسىز، توختاملىق ھەمدە مەن جىمجىتلىقنى ياخشى كۆرىمەن.

بىراق مەن ھورۇن ئەمەس.

ئاندىن بۇ لېنىۋېتىس ئەسنەپ تۇرۇپ دەپتۇ:

ـ مانا بۇ مەن!

مەن ئىشلارنى ئاشۇنداق ئاستا، ئاستا، ئاستا قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن!....




# THE VERY LONELY FIREFLY


## بەكمۇ غېرىبانە پارقىراق قوڭغۇز

ئاپتورى:ئېرىك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




قۇياش پاتقان چاغدا، بىر كىچىك پارقىراق قوڭغۇز ئويغىنىپتۇ. ئۇ قاناتلىرىنى قېقىپ، قاراڭغا ئاسمانغا ئۇچۇپتۇ.




ئۇ بىر يالغۇز پارقىراق قوڭغۇز ئىكەن، ئۇ نۇر چېچىش ئارقىلىق باشقا پارقىراق قوڭغۇزلارنى ئىزدەپتۇ.




بۇ پارقىراق قوڭغۇز بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنۇر چىققان تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.


بىراق ئۇ نۇر باشقا بىر پارقىراق قوڭغۇزدىن چىققان نۇر ئەمەسكەن.ئۇ كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ تۇرغان لامپۇچكا ئىكەن.




ئۇ بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىراق ئۇ نۇر باشقا بىر پارقىراق قوڭغۇزدىن چىققان نۇر ئەمەسكەن.

ئۇ نۇر بىر شامداندىن چاقنىغان نۇر ئىكەن.




ئۇ بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىراق ئۇ نۇر باشقا بىر پارقىراق قوڭغۇزدىن چىققان نۇر ئەمەسكەن.


ئۇ ئەسلىدە كېچىنى يورۇتۇپ تۇرغان قول چىرىقىنىڭ يورۇقلىقى ئىكەن.




ئۇ بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىراق ئۇ نۇر باشقا بىر پارقىراق قوڭغۇزدىن چىققان نۇر ئەمەسكەن.

ئۇ ئەسلىدە كىچىنى يورۇتۇپ تۇرغان پانۇسنىڭ نۇرى ئىكەن.










بۇ پارقىراق قوڭغۇز نەچچە يەردىكى نۇرنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىراق ئۇلار باشقا پارقىراق قوڭغۇزلار ئەمەسكەن.

ئۇلار ئەسلىدە، بىر ئىت،بىر مۈشۈك ۋە بىر مۈشۈكياپىلاق ئىكەن.

ئۇ نۇرلار شۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قايتقان نۇر ئىكەن.




ئۇ بىر يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بىراق ئۇ نۇر باشقا بىر پارقىراق قوڭغۇزدىن چىققان نۇر ئەمەسكەن.

ئۇ ئەسلىدە بىر ماشىنىنىڭ ئالدى چىرىقىدىن چىققان نۇر ئىكەن.



بۇ پارقىراق قوڭغۇز نۇرغۇنلىغان نۇرلارنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇياققا قاراپ ئۇچۇپتۇ.


بىراق ئۇلار پارقىراق قوڭغۇز ئەمەسكەن.

ئۇلار رەڭمۇرەڭ ساليۇتلاردىن چاقنىغان نۇرلار ئىكەن.





ھەممە تىنچلىنىپ قالغان چاغدا،بۇ پارقىراق قوڭغۇز كېچە ئاسمىنىنى كېزىپ ئۆتۈپ نۇر چېچىپتۇ ۋە داۋاملىق ئىزدەپتۇ.

ئاندىن بۇ يالغۇز،غېرىبانە پارقىراق قوڭغۇز ئۆزى ئىزچىل ئىزدەۋاتقان نەرسىنى كۆرۈپتۇ....




بىر توپ پارقىراق قوڭغۇزلار  تۇن كېچىدە نۇر چېچىپتۇ.

هازىر،ھېلىقى پارقىراق قوڭغۇز زادىلا يالغۇزلۇق تاتمايدىغان بوپتۇ.





# THE FOOLISH TORTOISE

# دۆت تاشپاقا

ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال







بىر تاشپاقا كۆنبويى يولىۋرۇپ بەكمۇ تويۇپ كېتىپتۇ.





شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاشۇ ھەم قوپال ھەم قاتتىق، كېلەڭسىز قېپىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

ـ ۋاھ! خۇيمۇ راھەتلىنىپ كەتتىما! ـ دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ تاشپاقا، ـ ئەمدى مەن بۇ دۇنيانى تېزرەك كۆرەلەيدىغان بولدۇم!





قارىماققا ئۇنىڭ مېڭىشى سەل تېزلەشكەندەك قىلغان بىلەن،ئۇ يەنىلا بىر تاشپاقىدە،قانچىلىكمۇ تېز مېڭىپ كېتەلىسۇن؟يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قېپى يىراقتا قالغان،ئۇ ئۇچۇپ كەلگەن بىر تال چوڭ سېرىق ھەرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپمۇ تېزلىك بىلەن بىر قورام تاشنىڭ ئاستىغا مۆكىنىۋاپتۇ.

يەنە بىر ئېچىرقاپ كەتكەن يوغان قۇش شۇڭغۇپ چۈشكەن ئىكەن،بۇ تاشپاقا ئۇ چوڭ قۇشنىڭ ۋەھشىي قىياپىتى ۋە تېزلىكىنى كۆرۈپ بىر تۈپ دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكىنىۋالغۇچە قورققىنىدىن ئىككى پۇتىدا جان قالماپتۇ.





ئۇ بىر دەريا بويىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدا ،بىر تال چوڭ يىرتقۇچ بېلىق سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ تاشپاقىنى قورقىتىۋېتىپتۇ .

ـ ئاھ،نېمە دېگەن قورقۇنۇچلۇق! ھەممە يەر خەۋپ ـ خەتەرگە تولۇپ كېتىپتىكەنغۇ! ـ دەپتۇ تاشپاقا .





بىزنىڭ بۇ قەھرىمانىمىز ئالدىدىكى يولدا يەنە بىر ۋەقەگە ئۇچرىغىلى تاسلا قاپتۇ. بىر يىلان ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. بۇ تاشپاقا كەينىچىلەپ چېكىنىپ قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.




يولدا ،بىر ياۋا توشقان،بىر ئوۋ ئىتى ۋە بىر ئات يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قىلىۋاتقانىكەن،ئۇلار شۇنداق تېز يۈگۈرىشىپتۇ! ئۇچقاندەك تېز يۈگۈرەپتۇ! تاشپاقا هاسراپ ـ هۆمۈدەپ تۇرۇپ،كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە:ئاھ! مەن مەڭگۈ بۇنداق تېز يۈگۈرىيەلمەيمەندە! ـ دەپ ئاھ ئۇرۇپ خورسىنىپتۇ.





تاشپاقا يولدا ئۆياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ،قۇياش بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ،چوڭىيىپتۇ.تاشپاقا:مەن تېززەك سالقىن بىر جاي تاپاي!-دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما تۇيۇقسىز،ئۇنىڭ باش ئۈستىنى بۇلۇت قاپلاپ،يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ.ئۇنىڭ ئۈستى-بېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ.




قاتتىق شامال چىقىپتۇ، ناھايىتى تېزلا دەل ـ دەرەخلەر شامالدا ئېگىلىپ كېتىپتۇ.


ـ نېمە دېگەن سوغۇق ھە! ـ دەپتۇ تاشپاقا لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ ـ نېمىشقىمۇ شۇنچىۋالا دۆتلۈك قىلىپ قېپمەنى تاشلىۋەتكەن بولغىيدىم!




شۇنداق قىلىپ،تاشپاقا قايتىش يولىغا چۈشۈپتۇ،ئۇ ئاشۇ ھەم چوڭ ھەم كېلەڭسىز قېپىنى قايتا كۆرگەن چېغىدا ،ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ ئويلاپتۇ:ھەي! مېنىڭچە مەن ھازىر دۇنيانى ساياھەت قىلىدىغان خىيالىمنى تاشلىشىم كېرەك.مەن ئۆيگە قايتىمەن،قېپىمسىز ياشاش مەن ئۈچۈن شۇنداق ئېچىنىشلىق بىر ئىشكەن!




ئۇ قايتا قېپىنىڭ ئىچگە كىرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:خەيرلىك كەچ!



ALL AROUND US

ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا

ئاپتورى:ئېرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




قۇياش نۇر چاچتى.

پالما دەرىخى تەۋرەندى.

تىمساھ يۇيۇندى.





ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىدى.

پاراخوت يولغا چىقتى.

بېلىق سۇ ئۈزدى.






ئايروپىلان ئۇچتى.

پىكاپ ۋە ماشىنىلار ماڭدى.

كانچى يەر قازدى.






يامغۇر ياغدى.

ئالما دەرىخى كۆكلىدى.

يىلتىزلار يېيىلدى.





بۇلۇتلار سۇرۇلدى.

سىيىر ۋە ئات ئوتلىدى.

ئۆردەك سۇ ئۈزدى.






قار ياغدى.

قار ئادەم كۈلۈمسىرىدى.

مۈشۈك ئايلىنىپ يۈردى.







ئاي پارلىدى.

ئادەملەر ئۇخلىدى.

ئېيىق ئۆچەككە كىردى.





# 10LITTLE RUBBER DUCKS

# ئون تال كىچىك كاۋچۇك ئۆردەك

ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال







**چىك ،چىك ،چىك. . . !**

**بىر كاۋچۇك ئۆردەك ياسايدىغان ماشىنا ئايلىنىۋاتاتتى.**

**قارشى ئېلىنىۋاتقان سىرىقرەڭلىك كاۋچۇك ئۆردەكچاقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ماشىنىدىن ياسىلىپ چىقماقتا ئىدى.**

**بۇ كاۋچۇق ئۆردەكچاقلارنىڭ كۆزلىرى كۆك رەڭدە ،تۇمشۇقى قىزىل رەڭدە سىرلاندى.**




ئاندىن ئۆلار ئون دانىسى بىر يەشىككە قاچىلاندى ۋە ماشىنىغا بېسىلىپ يولغا چىقتى.




يۈك پاراخوتىغا سېلىندى...

ـ هەي ،تېچلىقمۇ! ـ دېدى پاراخوت باشلىقى.



بۇ پاراخوت باشلىقى ۋە ئۇنىڭ يۈك پاراخوتى بۇ كاۋچۇك ئۆردەكچاقلارنى ئېلىپ كەڭ

دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ يىراق ـ يىراقتىكى دۆلەتلەرگە توشۇيتتى.



تۇيۇقسىز،قاتتىق بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلۈپ،دېڭىزدا زور دولقۇنلار پەيدا بولدى.


كۈچلۈك بوران دېڭىزنى قاپسىماقتا ئىدى.

بىر چوڭ دولقۇن يۈك پاراخوتىدىكى بىر ئويۇنچۇق ساندۇقنى ئېتترىپ دېڭىزغا

ئېقتىپ كەتتى.

ساندۇق ئېچىلىپ،ئىچىدىكى ئون تال كاۋچۇك ئۆردەك سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

ـ 10 تال كاۋچۇك ئۆردەك سۇغا چۈشۈپ كەتتى! ـ دەپ توۋلىدى كاپىتان.




بىرمەھەلدىن كېيىن،كۈچلۈك بوران ـ چاپقۇن پەسلىدى.

بۇ 10 تال كاۋچۇك ئۆردەك پايانسىز دېڭىزدا لەيلەپ ـ چۆكۈپ يۈرمەكتە ئىدى.

ئەتراپتا پەقەت دېڭىز سۈيى ۋە كۆپكۆك ئاسماندىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

بۇ ئون تال كاۋچۇك ئۆردەك بارا ـ بارا بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتتى.




بىرىنچى كاۋچۇك ئۆردەك غەرپ تەرەپكە قاراپ ئاقتى.

ئۇنىڭ ئۇستىدە  بىر دېلفىن سەكرەپ ئوينىغىلى تۇردى.

ئىككىنچى كاۋچۇك ئۆردەك شەرققە ئاقتى.

بىر تيۇلېن ئۇنىڭغا قاراپ ھۆركىرىگىلى تۇردى.




ئۈچىنچى كاۋچۇك ئۆردەكچاق شىمالغا قاراپ ئاقتى.

بىر شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئۇنىڭغا ھۆركىرىدى.

تۆتىنچى كاۋچۇك ئۆردەك جەنۇپقا ئاقتى.

بىر فلامىنگو ـ قىزىل قانات ئۇنىڭغا نەزەر سالدى.





بەشىنچى كاۋچۇق ئۆردەك سول تەرەپكە ئېقىپ كەتتى.

ئۇنىڭغا بىر ساقىيقۇش جىۋىرلاپ كەتتى.

ئالتىنچى كاۋچۇك ئۆردەك ئوڭغا تەرەپكە ئېقىپ كەتكەنىدى.

بىر تاشپاقا ئۇنىڭ يېنىدا ئۈزۈپ يۈردى.




7 ـ كاۋچۇك ئۆردەك ئۈستى تەرەپكە ئاققانىدى.

بىر سەككىز ئاياغ ئۇنىڭغا نەزەر سالدى.

8 ـ كاۋچۇك ئۆردەك ئاستى تەرەپكە ئېقىپ كەتكەنىدى.

بىر دېڭىز چايكىسى ئۇنىڭغا چىرقىرىدى.



9 ـ كاۋچۇك ئۆدەكچاق لەيلەپ كېتىۋاتاتتى.

بىر كۆك كىت ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بەردى.




10 ـ كاۋچۇك ئۆردەك ئېقىپ كېتىۋەرگەنىدى.

پايانسىز دېڭىز چايقىلىپ،تەۋرەپ تۇراتتى.

قۇياش پاتتى،قاراڭغۇ چۈشتى.

كۆزىيەتكۈدەك تەرەپنىڭ ھەممىسى دېڭىز سۈيى ۋە ئاسماندىنلا ئىبارەت ئىدى.



كېيىنكى كۈنى سەھەردە،بۇ 10 ـ كاۋچۇك ئۆردەكچاق بىر ئۆردەك ئاپا ۋە ئۇنىڭ ئۆردەك چۈجىلىرىنى ئۇچراتتى.


ـ غاق ـ غاق! ـ دېدى ئۆردەك ئاپا.

ـ غاق،غاق،غاق!... ـ دېيىشتى ئۆردەك چۈجىلىرى.

بىر كۈن ئاخىرلىشىپ،قۇياش پاتتى،قاراڭغۇ چۈشتى.

ئۆردەك ئاپا ۋە چۈجىلىرى ئۆلارنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى.

بۇ كىچىك كاۋچۇك ئۆردەكچاقمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈزۈپ ماڭدى.





خەيرلىك كەچ! ـ دېدى ئاي.

ـ غاق! ـ دېدى ئۆردەك ئاپا.

غاق!غاق!غاق! ـ دېيىشتى ئۆردەك چۈجىلىرى.

ـ غاق! ـ دېدى ھېلىقى كىچىك كاۋچۇك ئۆردەكچاق.




A House for Hermit Crab

قۇلۇله قاپلىق قىسقۇچپاقنىڭ ئۆيى

ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال





ئۆي كۆچەي! ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا يانۋارنىڭ بىركۈنى.

ـ «مەن چوڭىيىپ بۇ قېپىمغا پاتماي قالدىم»

ئۇ قېپى ئىچىدە تولىمۇ ئىللىقلىق ۋە خاتىرجەملىك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ قېپىدىن چىقىپ، دېڭىز بويىغا كەپتۇ. بىراق ئۇ قاسىرقىسىز ھالدا چوڭ دېڭىزغا كىرىشتىن قورقۇپتۇ.

ـ ناۋادا چوڭ بىر بېلىق ماڭا ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلىمەن؟ ـ دەپ ئويلاپتۇ ئۇ. ـ مەن چوقۇم تېزلىكتە بىر يېڭى ئۆي تېپىشىم كېرەك.




فېۋرالنىڭ بېشىدا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۇ ئۆزى ئىزدەۋاتقان ئۆينى بايقاپتۇ. ئۇ بىر چوڭ ھەم پۇختا قۇلۇلە قېپى ئىكەن.ئۇ قاپنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇيان ـ بۇيان تەۋرىتىپ قانداقراق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى سىناپ بېقىپتۇ.تولىمۇ دەل كەلگەندەك ھېس قىپتۇ. ـ بۇ قاپ قارىماققا بەك ياخشى، ھەم ئاددىيغىنا ئىكەن ـ دەپ ئويلاپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا.



快乐天使英文绘本童书馆

ئۈچىنچى ئايدا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بىرقانچە دېڭىز ئاپتاپپەرەسنى ئۇچرىتىپتۇ .ئۇلار سۇ ئىچىدە مەيىن يەلپۈنۈپ ،تەۋرىنىپ تۇرغانىكەن .

ـ سىلەر نېمانچە گۈزەل ھە! ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا .

ـ قايسىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ تۇرۇشنى خالايسىلەر؟ئۆيۈم بەك ئاددىي ،شۇڭا سىلەرگە موھتاج ـ دەپتۇ ئۇ .

ـ مەن خالايمەن ـ دەپتۇ پىچىرلاپ ئەڭ كىچىك دېڭىز ئاپتاپپەرەسى .

قۇلۇله قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۇنى ئاۋايلاپقىنه ئۇزۇپ قېپىغا قويۇۋاپتۇ.



4 ـ ئايدا ،قۇلۇله قاپلىق قىسقۇچپاقا نۇرغۇن دېڭىز يۇلتۇزلىرىنىڭ دېڭىز ئاستىدا ئاستا

يۆتكىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.


ـ سىلەر نېمانچە كېلىشكەن ھە! ـ دەپتۇ قۇلۇله قاپلىق قىسقۇچپاقا. ـ قايسىڭلار مېنىڭ

ئۆيۈمگە كىرىشنى خالايسىلەر؟

ـ مەن خالايمەن ـ دەپتۇ بىر كىچىك دېڭىز يۇلتۇزى.

قۇلۇله قاپلىق قىسقۇچپاقا قىسقۇچى بىلەن ئۇنى ئېھتىيات بىلەن قىسىپ ئېلىپ ئۆيىگە

جايلاشتۇرىۋاپتۇ.



بەشنچى ئايدا ،قۇلۇله قاپلىق قسقۇچپاقا برقانچه مارجانلارنى ئۇچرتىپتۇ.ئۇلار بەك قاتتىق ،يۆتكەلمەي تۇرغانكەن.

ـ سلەر نېمانچه چرايلىق! ـ دەپتۇ ئۇ. ـ بىرەرسڭلار مېنىڭ ئۆيۈمنى تېخمۇ چرايلىق بېزىشمگه ياردەملشەمسلەر؟

ـ مەن خالايمەن ـ دەپتۇ بىر پوستلۇق مارجان.

قۇلۇله قاپلىق قسقۇچپاقا ئۇنى ئاستا ئېلىپ ئۆيگه جايلاشتۇرۋاپتۇ.



ئالتىنچى ئايدا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بىرتوپ قۇلۇللەر دېڭىز ئاستىدىكى تاشقا يامىشىۋالغان يېرىگە كەپتۇ.ئۇلار بىر تەرەپتىن سۈركىشىپ، بىرتەرەپتىن دېڭىز يۇسۇنلىرى ۋە پارچىلىرىغا يېپىشىپ، بىر پاكىزە ـ رەتلىك يول ھاسىل قىلغانىكەن.

ـ سىلەر نىمانچە ئىشچان ۋە رەتلىك ھە! ـ دەپتۇ ئۇ ـ بىرەرسىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمنى تازىلاپ بېرەمسىلەر؟

ـ مەن قىلاي ـ دەپتۇ بىر قۇلۇلە.

خۇشاللىق بىلەن قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۇنى ئېلىپ قېپىغا قويۇۋاپتۇ.




يەتتىنچى ئايدا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا نەچچە تال دېڭىز كىرپىسىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۈتكۈر تىكەنلىرى بار ئىكەن.

ـ سىلەر قارىماققا بەك قورقۇنۇچلۇق كۆرۈنىدىكەنسىلەر! ـ دەپتۇ ئۇ. بىرەرسىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمنى قوغداپ بېرىشنى خالامسىلەر؟

ـ مەن خالايمەن! ـ دەپتۇ  بىر ئۇچلۇق دېڭىز كىرپىسى. مىننەتدارلىق ئىچىدە، قۇلۇلە قاپلىق دېڭىز تاشپاقىسى قىسقۇچى بىلەن ئۇنى ئېلىپ قېپىغا قويۇۋاپتۇ.



سەككىزىنچى ئايدا،ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىر دېڭىز يۇسۇنى ئورمانلىقىغا كەپتۇ.

ـ بۇيەر بەك قاپقاراڭغۇكەن! ـ دەپ ئويلاپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا. ـ نېمانچە خىرە! ـ دەپتۇ دېڭىز ئاپتەپپەرەسى پىچىرلاپ. بەكلا مۇدھىشكەن! ـ دەپتۇ دېڭىز يۇلتۇزى پەس ئاۋازدا. ـ بەكلا زۇلمەتلىككەن ـ دەپتۇ مارجان غودۇڭشۇپ. مەن كۆرەلمەيۋاتىمەن! ـ دەپتۇ قۇلۇلە. ـ خۇددى كېچىنىڭ ئۆزىغۇ! ـ دەپتۇ دېڭىز كىرپىسى.



توققۇزىنچى ئايدا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بىر پانۇس بېلىقنىڭ قاپقاراڭغۇ سۇ ئىچىدە ئۈچقاندەك ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ . ـ سەن نېمەدىگەن ئەقىللىق ھە! ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا . ـ بىرەرىڭلار مېنىڭ ئۆيۈمنى يورۇتۇپ بېرىشنى خالامسىلەر؟ «مەن خالايمەن» ـ دەپتۇ بىر پانۇس بېلىق .ئۇ قۇلۇلە قېپىغا يېقىن ئۈزۈپتۇ .




ئۆكتەبىردە ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بىر دۆۋە سىيلىق شېغىل تاشلارنى ئۇچرىتىپتۇ . ـ سىلەر نېمانچە مۇستەھكەم! ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا . ـ سىلەرنى قايتا رەتلەپ قويسام كۆڭلۈڭلەرگە ئالمايدىغانسىلەر؟ «ياقەي» ـ دەپتۇ شېغىل تاشلار .قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۇلارنى بىردىن بىردىن قىسىپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ قېپى ئەتراپىغا تىزىۋاپتۇ . ـ ئەمدى مېنىڭ ئۆيۈم تازىمۇ مۇكەممەل بوپ كەتتى! ـ دەپتۇ ئۇ خۇش بولۇپ .



بىراق نويابىردا ، قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۆيىنىڭ كىچىك كەپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ . بىر يىل ئۆتسە بىرىيل ئۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بوپ كېتىپتۇ .ئۇزۇن ئۆتمەي ،ئۇ يېڭى ئۆي تاپمىسا بولمايدىغان يەرگە كەپتۇ . بىراق ئۇ دوستلىرىنى ـ دېڭىز

ئاپتاپپەرەسنى، قۇلۇلنى، دېڭىز كىرپىسنى، پانۇس بېلىقنى، مارجاننى، دېڭىز يۇلتۇزىنى ۋە شېغىل تاشلارنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ـ ئۇلار ماڭا بەك ياخشىلىق قىلغانىدى. ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا. ـ ئۇلار خۇددى بىر ئائىلىگە ئوخشايتتى. مەن قانداقمۇ ئۇلاردىن ئايرىلالايمەن؟




دېكابىردا، بىر كىچىك قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ئۇنىڭغا ئۇچراپتۇ. مەن سىغماي قالغاچقا، قېپىمدىن چىقىپ كەتكەنىدىم، ـ دەپتۇ ئۇ ـ سەن ماڭا مۇۋاپىقراق بىرەيەرنى بىلەمسەن؟

ـ مەنمۇ ئۆيۈمگە سىغماي قالدىم، ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا جاۋابەن. ـ مەن داۋاملىق مېڭىشىم كېرەك. سىنىڭ بۇيەرگە كىرىپ تۇرۇشىڭنى قارشى ئالىمەن، بىراق سەن مېنىڭ دوستلىرىمغا چوقۇم ياخشى قاراشقا ۋەدە بېرىشىڭ كېرەك.

ـ مەن ۋەدە بېرىمەن ـ دەپتۇ كىچىك قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا.




كېيىنكى ئاي ـ يانۋاردا ،قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قېپىدىن چىقىپتۇ ،كىچىك قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا بولسا ئۇنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپتۇ . ـ ئۇ كىچىك قاپنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ تۇرۇپ قالما ـ دەپتۇ قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ سالام قىلىپ خوشلىشىپتۇ . بۇ دېڭىز ئۇنىڭ ئېسىدە قالغىنىدىكىدىنمۇ بەكرەك بىپايان كۆرۈنۈپتۇ . بىراق قۇلۇلە قاپلىق قىسقۇچپاقا قورقماپتۇ .ئۇزۇن ئۆتمەي بىر ياخشى ئۆينى تېپىپتۇ . بىر چوڭ ،بوش تۇرغان قۇلۇلە قېپى ئىكەن .ئۇ بەكمۇ ياخشى ،بىراز ئادەتتىكىچە ئىكەن . بىراق . . .«بۇلۇت!» ـ دەپ ئويلاپتۇ ئۇ . بالانۇس قۇلۇلىسى!ھەييار بېلىق! يىلانبېلىق! . . .بۇيەردە نۇرغۇن نەرسىلەر بار! مەن ئۆزگەرتىشنى باشلىماي تۇرالمىدىم!



Hello, Red Fox


**HELLO, RED FOX**

تېچلىقمۇ قىزىل تۈلكە

ئاپتورى:ئىرك كارل

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






ـ تۇغۇلغان كۈنۈڭ كەپ قالدى، ـ دەپتۇ ئاپا پاقا ـ بىز بىر يىغىلىش ئۆتكۈزەيلى. تۇغۇلغان كۈنى يىغىلىشى. سىنىڭ كىملەرنى تەكلىپ قىلغۇڭ بار؟

ـ كىچىك پاقا جاۋاپ بېرىپتۇ: مېنىڭ دوستلىرىمدىن، قىزىل تۈلكىنى، سۆسۈن كېپىنەكنى، ئاپلىسىنرەڭ مۈشۈكنى، يېشىلرەڭلىك يىلاننى، سېرىقرەڭلىك قۇشنى، كۆك بېلىقنى يەنە قارا تەڭگىلىك ئاق ئىتنى چاقىرغۇم بار.




بىرتال كىچىك پاقىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئۇنىڭ دوستلىرى كەلگىلى تۇرۇپتۇ.

ـ تىچلىقمۇ،قىزىل تۈلكە؟ ـ دەپتۇ كىچىك پاقا ـ تۇغۇلغان كۈنۈمگە كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن.


ـ مىنى تەكلىپ قىلغىنىڭغا رەھمەت ـ دەپتۇ قىزىل تۈلكە.

ـ بىراق بۇ نەدىمۇ بىر قىزىل تۈلكە بولسۇن؟ ـ دەپتۇ ئاپا پاقا ـ بۇ بىر يېشىل تۈلكىغۇ؟

ـ ۋاي،ئاپا،سىز بۇ تۈلكىگە ئۇزاقراق قاراپ بىقمىڭە ـ دەپتۇ كىچىك پاقا.

ئاپا پاقا تۈلكىگە قاراپتۇ،قاراپتۇ،ئۇزاققىچە قاراپتۇ....

ئاخىرى،ئۇ كىچىك پاقىنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ!




ـ تېچلىقمۇ، سۆسۈن كېپىنەك ـ دەپتۇ كىچىك پاقا ـ تۇغۇلغان كۈنۈمگە كەلگىنىڭنى قارشى ئالىمەن.

ـ مېنى تەكلىپ قىلغىنىڭغا رەھمەت ـ دەپتۇ سۆسۈنرەڭلىك كېپىنەك.

ـ بىراق ئۇ نەدىمۇ بىر سۆسۈنرەڭلىك كېپىنەك بولسۇن؟ ـ دەپتۇ ئاپا پاقا ـ ئۇ دېگەن بىر

سېرىقرەڭلىك كېپىنەكقۇ؟

ـ ۋاي ،ئاپا ،سىز ئۇزاقراق بىر قاراپ بېقىڭە ـ دەپتۇ كىچىك پاقا .

ئاپا پاقا بۇ كېپىنەككە قاراپتۇ ،قاراپتۇ ،ئۇزاقتىن ئۇزاق قاراپ كېتىپتۇ . . .

ئاخىرى ،ئۇ كىچىك پاقىنىڭ راس دېگەنلىكىنى بىلىپتۇ!